# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىنى ئېچىش ۋاقتى توغرىسىدىكى قارارى

(2021 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 21 ـ قېتىملىق يىغىنىدا ماقۇللاندى)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 21 ـ قېتىملىق يىغىنىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىنى 2021 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىش قارار قىلىندى.

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ئىسىملىكى

(2021 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 21 ـ قېتىملىق يىغىنىدا ماقۇللاندى)

چېن مىڭگونى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەش قارار قىلىندى.
ۋاڭ مىڭشەننى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش قارار قىلىندى.
چېن مىڭگونى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.
ياۋ جىڭنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

## چېن مىڭگونىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى



چېن مىڭگو، ئەر، خەنزۇ، 1966 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۇغۇلغان(54 ياش)، سىچۈەن يەلۇڭدىن، 1988 ـ يىلى 7 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1992 ـ يىلى 1 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، ئىشلەپ تۇرۇپ ئاسپىرانتلىق ئوقۇش تارىخىغا ئىگە(2009 ـ يىلى 1 ـ ئايدا شىنەن مالىيە ـ ئىقتىساد داشۆسى قانۇن شۆيۈەنىنىڭ نوپۇسشۇناسلىق كەسپىنى پۈتكۈزگەن)، قانۇنشۇناسلىق دوكتورى.

1984 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1988 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە، بېيجىڭ داشۆ قانۇنشۇناسلىق فاكۇلتېتىنىڭ قانۇنشۇناسلىق كەسپىدە ئوقۇغان؛ 1988 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1992 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە، سىچۈەن ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىدە پۈتۈكچى، ياردەمچى سوتچى بولغان(بۇ مەزگىلدە: 1989 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1990 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە، گۇاڭخەن شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدە ۋەزىپە بىلەن چېنىققان)؛ 1992 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1997 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە، سىچۈەن ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئىچكى ئىشلار ئەدلىيە كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ بۆلۈم ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى، مۇدىر دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى بولغان؛ 1997 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 2001 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە، سىچۈەن ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئىچكى ئىشلار ئەدلىيە كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان؛ 2001 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 2003 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە، سىچۈەن ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئىچكى ئىشلار ئەدلىيە كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان؛ 2003 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 2004 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە، سىچۈەن ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ كادىرى بولغان؛ 2004 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 2004 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە، سىچۈەن ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان؛ 2004 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 2008 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە، سىچۈەن ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان؛ 2008 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 2012 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە، سىچۈەن ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولغان(2004 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 2009 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە، شىنەن مالىيە ـ ئىقتىساد داشۆسى قانۇن شۆيۈەنى نوپۇسشۇناسلىق كەسپىدە ئىشلەپ تۇرۇپ ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان، قانۇنشۇناسلىق دوكتورى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن)؛ 2012 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 2013 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە، سىچۈەن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى(نازىر دەرىجىلىك) بولغان؛ 2013 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 2015 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە، سىچۈەن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان؛ 2015 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 2018 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە، سىچۈەن ئۆلكىلىك ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نازىرى، پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئۆلكىلىك تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 1 ـ جېڭۋېيى(2015 ـ يىلى 4 ـ ئاي) بولغان؛ 2018 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 2020 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە، چىڭخەي ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى بولغان.

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋاڭ مىڭشەننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن بەرگەن ئىستىپاسىنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى قارارى

(2021 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 21 ـ قېتىملىق يىغىنىدا ماقۇللاندى)

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»نىڭ 27 ـ ماددىسى، 44 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 21 ـ قېتىملىق يىغىنىدا ۋاڭ مىڭشەننىڭ خىزمەت ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىدىن بەرگەن ئىستىپاسىنى قوبۇل قىلىش، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىنىڭ ئەنگە ئېلىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سىناق رايونى قۇرۇلۇشى قوماندانلىق ئىشتابىنى تەشكىللەپ قۇرۇپ، سىناق رايونى قۇرۇلۇشىغا ئالاقىدار سىياسەتلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىش، خىزمەت تەدبىرلىرىنى تۈزۈش، سىناق رايونىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتى، مەبلەغ سېلىش، سودا، پۇل مۇئامىلە، ئىختىساسلىقلار قاتارلىق تۈرلۈك ئىسلاھاتنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ماس ئالغا سىلجىتىش، سىناق رايونى ئىسلاھاتتا يېڭىلىق يارىتىشتا يولۇققان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشقا مەسئۇل قىلدى.

تەستىقلانغاندىن كېيىنكى بىر ئاي ئىچىدە، تارباغاتاي ۋىلايىتى ھۆكۈمەت ـ بانكا ـ كارخانا سۆھبەت يىغىنى، سىناق رايونى تۈر ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى قاتارلىقلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆتكۈزۈپ، «تارباغاتاينىڭ نۇقتىلىق ئېچىش ـ ئېچىۋېتىش سىناق رايونىنىڭ ‹14 ـ بەش يىل›لىق يىرىك پىلاندىكى نۇقتىلىق تۈرلەر ئامبىرى» «تارباغاتاينىڭ نۇقتىلىق ئېچىش ـ ئېچىۋېتىش سىناق رايونىنىڭ 2021 ـ يىللىق تۈرلەر ئامبىرى» تەتقىق قىلىنىپ تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىۋېرسال قاتناش، ئېنېرگىيە، كەسىپ، ئۇرۇقچىلىق، ئۆل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ.

ئىگىلىنىشچە، سىناق رايونىنىڭ يىرىك پىلاندىكى كۆلىمى تەخمىنەن 16 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بولۇپ، دائىرىسى چۆچەك شەھىرىنىڭ پۈتۈن تەۋەسى ھەم دۆربىلجىن ناھىيەسى، شىخو شەھىرى، ساۋەن ناھىيەسى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيەسى، تولى ناھىيەسى، چاغانتوقاي ناھىيەسىنىڭ بىر قىسىم رايونلىرى(شەھەر رايونى، سانائەت باغچە رايونى جايلاشقان يېزا ـ بازارلار ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى نۇقتىلىق يېزا ـ بازارلار)، بىڭتۇەن 9 ـ شىسىنىڭ بىر قىسىم تۇەن ـ چاڭلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بوشلۇق ئورۇنلاشتۇرمىسى «بىر يادرو»(چۆچەك شەھىرىنىڭ پۈتۈن تەۋەسى)، «ئىككى كارىدور»(تارباغاتاينىڭ شىمالى ۋە تارباغاتاينىڭ جەنۇبىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىقتىساد كارىدورى)، «ئۈچ رايون»(زامانىۋى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى، ياسىمچىلىقتا يېڭىلىق يارىتىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى ۋە ئېكولوگىيەلىك ساياھەتتە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى)دىن ئىبارەت ئىكەن.

تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن ۋالىيسى شۆ گۈيچياڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: كېيىنكى قەدەمدە، تارباغاتاي ۋىلايىتى ئىشنى تۈزۈلمە ـ مېخانىزمدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىش، ئۆل ئەسلىھەلەرنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، خاس ئەۋزەل كەسىپ سىستېمىسى بەرپا قىلىش، تاشقى ئالاقە، ئالماشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، شەھەر ـ يېزا جەمئىيىتىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بىرتۇتاش پىلانلاشتىن ئىبارەت يەتتە جەھەتتىن تۇتۇش قىلىپ سىناق رايونى قۇرۇشتىن باشلاپ، تىرىشىپ سىناق رايونىنى يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ مۇھىم تايانچ نۇقتىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم سۇپىسى، چېگرا بويىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ئېشىش قۇتۇپى، چېگرا ۋە دۆلەت زېمىنىنىڭ خەۋپسىزلىكىنى قوغداشنىڭ مۇھىم توسۇقى قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چۆل ـ جەزىرە ئوتتۇرىسىدا بىر ئۈمىد شەھىرى قەد كۆتۈردى. ئاقتاش بازىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ پەلەي زاۋۇتى، ئېلېكترون زاۋۇتى، كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتى قاتارلىقلارنى كىرگۈزۈپ، نەچچە مىڭ نامرات ئاممىنى قوبۇل قىلىپ يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

تاغ ئارىسىدىن كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن، ئابلىمىت شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت تەشكىللىگەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيەلىنىشكە قاتنىشىپ كەپشەرچىلىك، توكچىلىق قاتارلىق ئالاقىدار كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىش سالاھىيەت كىنىشكىسى ئالدى. ئۇ ئوغۇشلۇق ھالدا قۇرۇلۇش ئىش ئورنىدىن خىزمەت تېپىپ، ئايدا ئاز دېگەندىمۇ 4000 يۈەن كىرىم قىلدى، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچى تولۇپ تاشتى.

ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش يولىدا بىرىمۇ كەم قالسا بولمايدۇ. سەممىي ئارزۇ، چوڭقۇر غەمخورلۇق تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىنى ئىللىتىپ، غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندى.

2014 ـ يىلىدىن 2019 ـ يىلىغىچە، مەركەز مالىيەسى ئاپتونوم رايون ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنگە بەرگەن يۆتكىمە چىقىم 263 مىليارد 690 مىليون يۈەندىن 422 مىليارد 480 مىليون يۈەنگە كۆپىيىپ، يىللىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.4% ئاشتى، ئالتە يىلدا شىنجاڭغا جەمئىي 2 تىرىليون يۈەندىن كۆپرەك مەدەت بەردى، مەبلەغ نۇقتىلىق ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭغا مايىللاشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى شىنجاڭنىڭ ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ ئالغا سىلجىتتى. 1 مىليون 660 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر تۇپراقتا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتىكى قۇدرەتلىك كۈچ مۇجەسسەملەندى.

### كەسپلەرنى يۆلەش، زورايتىش يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتتى

قىشتىكى دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقتى قىشتىكى ئالدىراش ۋاقىتقا ئۆزگەردى، كۆڭۈللەر تېخىمۇ ياخشىلاندى. قىش كۈنلىرىدىكى يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ ئوچار بازىرى تۆۋەن يارباغ كەنتىدە، كەنت بېشىدىكى پەلەي زاۋۇتىدىن كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

نۇرئەلاگۈل تۇرغۇن زاۋۇتتا بىر گۇرۇپپا باشلىقى. زاۋۇت قۇرۇلغاندىلا، ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلىگەن، ئايلىق مائاشى 2500 يۈەن بولۇپ، ھەر يىلى يەنە ئۆسۈۋاتىدۇ. «ھازىر كىرىمىم ناھايىتى مۇقىم، كۆڭلۈمنى ناھايىتى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋاتىمەن» دېدى ئۇ.

نامراتلارنى يۆلەشتە ئۇزاققىچە يۆلەش كېرەك، بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ كەسپتە. كەسپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئاساسلىق چىقىش يولىغا ئايلاندى.

2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، قوللىشى بىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا كەسپلەر كىچىكلىكتىن زورىيىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشتەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر»نى بېسىپ تارقىتىپ، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەخسۇس تۈر مەبلىغى تەسىس قىلدى، مەركەز مالىيەسى ھەر يىلى 2 مىليارد يۈەن ئورۇنلاشتۇردى ھەم قوشۇلما قىممەت بېجىنى قايتۇرۇش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ۋە تەربىيەلەش ياردەم پۇلى، توشۇش ھەققى ياردەم تولۇقلىمىسى، توك باھاسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويدى. 2019 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاشقا ئالاقىدار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش مۇددىتى 2023 ـ يىلىغىچە ئۇزارتىلدى ھەم ئېتىبار بېرىش دائىرىسى باشقا ئالاقىدار ئەمگەك كۈچ جۇغلىشىدىغان كەسپلەرگىچە كېڭەيتىلدى.

2014 ـ يىلىدىن 2019 ـ يىلىغىچە، شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپىدىلا جەمئىي 170 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسى تاماملاندى، 2200دىن كۆپرەك توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كارخانىسى يېڭىدىن كۆپەيدى، جەمئىي 450 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتى.

كەسپلەر تەرەققىياتى شەكىللەندۈرگەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان «قان ئىشلەش» مېخانىزمى ۋە يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تايىنىپ، شىنجاڭ ئەمگەك ئىقتىدارى بار بارلىق نامرات ئائىلىدە ئاز دېگەندە بىر كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. ماھارەتنى بولۇش، قىلىدىغانغا ئىشى بولۇش، پۇل تاپالايدىغان بولۇش ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇش ئاساسى بولۇپ قالدى.

خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان بىر قاتار سىياسەتلەر تېز ئەمەلىيلەشتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى ھەرقايسى ئاساسىي جەڭ مەيدانلىرى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چۆرىدەپ ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلىدى، يېزىلارنىڭ كەسپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى چۆرىدەپ سىجىل كۈچىدى.

2020 ـ يىلى تۆۋەن يارباغ كەنتىنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى تەخمىنەن 11 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2019 ـ يىلىدىكىدىن 2000 يۈەن ئەتراپىدا ئاشتى. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كۆڭۈللىرى بارغانسېرى ياخشىلاندى.

### قورغاننى ھۇجۇم بىلەن ئېلىش تارىخىي جاۋاب قەغىزىنى پۈتتى

مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ ئۆل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى قوللىشى ماكرولۇق قاتلامدىن نامرات رايونلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتىغا ياخشى ئاساس سېلىپ، تەرەققىيات زاپاس كۈچىنى تولۇق تولۇقلىدى.

ھەرقايسى جايلار «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى زورايتىش»نى ئالغا سىلجىتىپ، «نامراتلىق قورغانلىرى»نى ئارقا ـ ئارقىدىن ھۇجۇم بىلەن ئالدى.

2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭ يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنىڭ خەتەرلىك ئۆيدە ئولتۇرۇش تارىخىغا تەلتۆكۈس خاتىمە بېرىپ، جەمئىي 675 مىڭ 600 نامرات ئائىلىنىڭ تۇرالغۇ بىخەتەرلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، باشقا جايغا كۆچۈرۈلگەن 170 مىڭغا يېقىن نامرات ئامما خۇشال ھالدا يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى.

2020 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ شەھەر ـ يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىدا ئومۇميۈزلۈك سۇ يەتكۈزۈلۈشكە ئەگىشىپ، پۈتۈن ناھىيەدىكى 15 مىڭ 300 نامرات نوپۇس «خاتىرجەم سۇ» ئىچەلەيدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى بارلىق نامرات نوپۇس قىرتاق، تۇزلۇق سۇ بىلەن ئۇزۇل ـ كېسىل خوشلىشىپ، ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

قىسقىغىنا بىر نەچچە يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 3666 نامرات كەنتنىڭ ھەممىسى قاتتىقلاشتۇرۇلدى، ئېنېرگىيە توكى يەتكۈزۈلدى، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، كەڭ بەلباغلىق تور تۇتاشتۇرۇلدى، نامرات ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى، شۇنداقلا ئۇلارغا تېخىمۇ كۆپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش پۇرسىتى ئېلىپ كەلدى.

بۈگۈنكى كۈندە، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىغا نەزەر سالساق، ئايروپىلانلار كۆكتە ئۇچماقتا، ئاپتوموبىللار تاغ ـ جىلغىلارنى كېسىپ ئۆتمەكتە، شەھەرلەر يېڭى قىياپىتىنى نامايان قىلماقتا، يېزا ـ كەنتلەر سۈرەتتەك گۈزەل تۈسكە كىرمەكتە... «14 ـ بەش يىل»نىڭ باشلىنىش يىلىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما قەتئىي بەل قويۇۋەتمەيدىغان چىداملىق بىلەن پۇختا، ئەستايىدىل ھالدا غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش نىشانىغا قاراپ داۋاملىق چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)